# تۈندىكى ساما

تولغىنىدۇ ئون ئالتە تال ئاق سىزىق،
بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ چىرايى.
جىلۋە قىلار شامال چىقسا پارقىراپ،
يورىمايدۇ ئاي نۇرىدا ئەتراپى.

كىرىۋالدى قاپقاراڭغۇ بۇلۇڭغا،
تولغىنىشنى توختاتمىدى پىرقىراپ.
ساناپ باقسام ئون بەش چىقتى، بىرسى يوق،
ئۇخلاتمىدى، ئۇخلاتمىدى چىرقىراپ.

1991 ـ يىل ئۆكتەبىر، بېيجىڭ